دادىل ئوتتۇرىغا چىقىش

# تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشى كىشىلىك ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلىدىغان ھەققانىي تەدبىر

□ قومۇل شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇدىر ئەسەت زاكىر

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى پاكىتقا، ئەمەلىي ئەھۋالغا كۆز يۇمۇپ، ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىدى، بۇ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىق، خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىنى ئوچۇق-ئاشكارا دەپسەندە قىلغانلىق، شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا يامان غەرەزدە ھۇجۇم قىلىپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى كۆرمەسكە سېلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ قانۇن بويىچە تېررورىزمغا زەربە بېرىش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتە كۆرسەتكەن غايەت زور تىرىشچانلىقىغا داغ تەگكۈزۈپ، قارا چاپلاپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ چىن ھېسسىياتىغا كۆز يۇمۇشتەك رەزىل قىلمىش. بۇ، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ قىلچە تۆۋەن چېكى بولمىغان قوش ئۆلچىمى ۋە ساختا، رەزىل زومىگەرلىك لوگىكىسىنى تولۇق ئاشكارىلىدى، ئۇلارنىڭ ئوچۇقتىن-ئوچۇق «ئۈچ خىل كۈچ»كە يانتاياق بولۇپ، مەدەت بېرىپ، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسۇش، جۇڭگونى پارچىلاشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇشتەك رەزىل غەرىزىنى ئاشكارىلاپ بەردى. مەن بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى ۋە ئۇنى كۈچلۈك ئەيىبلەيدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

1990 - يىلدىن 2016 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، «ئۈچ خىل كۈچ» شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردا جەمئىي نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى تۇغدۇرۇپ، نۇرغۇن بىگۇناھ ئاممىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ھاياتى، مال-مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ئىنتايىن زور خەۋپ پەيدا قىلدى. كەسكىن ۋەزىيەت ۋە مۇرەككەپ ئەھۋال ئالدىدا، ئاپتونوم رايون قانۇن-نىزامغا ئاساسەن كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، «بىر قولدا زەربە بېرىشنى تۇتۇش، بىر قولدا ئالدىنى ئېلىشنى تۇتۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە-ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈپ، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى كۆپ يۈز بېرىش، ئۈزۈلمەي يۈز بېرىش يۈزلىنىشىنى ئۈنۈملۈك توستى. شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى سىجىل مۇقىم بولدى، ئىقتىساد تەكشى مۇقىم، ساغلام تەرەققىي قىلدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك ئېشىپ، تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تۇردى.

شىنجاڭنىڭ قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم-تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، كەسپىي ماھارەت تەلىم-تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشى مەنبەدىن تۈزەيدىغان ئۈنۈملۈك تەدبىر، بۇنىڭدىكى مەقسەت تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزم پەيدا بولىدىغان ۋە يامرايدىغان تۇپراق ۋە شارائىتنى يوقىتىش بولۇپ، ئەڭ زور چەكتە ھەر مىللەت خەلقنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىندى؛ تامامەن كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىش ۋە كاپالەتلىك قىلىش تەدبىرى بولۇپ، ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى قوغدالدى. تەلىم-تەربىيە مەركىزى مەكتەپ خاراكتېرىدە بولۇپ، كەسپىي ماھارەت تەلىم-تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، بىر تۈركۈم دىنىي ئەسەبىزم بىلەن يۇقۇملانغان، قانۇنغا يېنىكرەك خىلاپ جىنايەت ئۆتكۈزگەن كىشىلەر دۆلەت ئورتاق تىل-يېزىقى، قانۇن-نىزام، كەسپىي ماھارەت تەربىيەسىنى قوبۇل قىلدى، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسى ئۆسۈپ، قانۇنچىللىق ئېڭى كۆرۈنەرلىك كۈچىيىپ، تېررورىزم، ئەسەبىزمنىڭ مەنىۋى كونتروللۇقىدىن قۇتۇلدى ھەم تەلىم-تەربىيە مەركىزىدە ئۆگەنگەن ماھارىتى ئارقىلىق خىزمەت تېپىپ، جەمئىيەتكە يارامىلىق كىشىلەرگە ئايلاندى. 2018 - يىلى 12 - ئايدىن بۇيان، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئەمەلدارلىرى، چەت ئەللەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى، ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ جەنۋەدە دائىمىي تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى، تاراتقۇ مۇخبىرلىرى ۋە دىنىي تەشكىلاتلار قاتارلىق 70 نەچچە تۈركۈم ئۆمەك، گۇرۇپپا، 90 نەچچە دۆلەتتىن كەلگەن 1000دىن ئارتۇق ئادەم شىنجاڭغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيەدە، زىيارەتتە بولدى. ئۇلار ئومۇمىيۈزلۈك: شىنجاڭدىكى ئەھۋالنىڭ غەربتىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار ۋە تاراتقۇلارنىڭ دېگىنى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش ئەمەسلىكىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق، شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ئۇسۇلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تېررورىزمغا زەربە بېرىش، ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش ئاساسىي مەقسىتى ۋە پرىنسىپىغا پۈتۈنلەي ئۇيغۇن بولۇپ، تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ۋە ئۆگىنىش، ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىيدۇ، دېيىشتى. بۇ يىل 7 - ئايدا، 50 نەچچە دۆلەتنىڭ جەنۋەدە دائىمىي تۇرۇشلۇق ۋەكىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ رەئىسى ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئالىي خاس خادىمىغا بىرلەشمە ئىمزالىق خەت ئەۋەتىپ، جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىدە كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلغانلىقىغا ئىجابىي باھا بەردى. 10 - ئايدا، 60 نەچچە دۆلەت 74 - نۆۋەتلىك بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنى 3 - كومىتېتىنىڭ يىغىنى مەزگىلىدە بەس-بەستە سۆز قىلىپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ غايەت زور كىشىلىك ھوقۇق تەرەققىياتىنى تەرىپلىدى. پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداشتا قولغا كەلتۈرگەن كۆرۈنەرلىك نەتىجە-ئۈنۈمنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ، ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، «كىشىلىك ھوقۇق»نى دەستەك قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلماقچى، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسماقچى بولغانلىقى ئەمەلىيەت، بۇ پاكىتقا پۈتۈنلەي خىلاپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ئېقىم خەلق رايىغا پۈتۈنلەي خىلاپ.

مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شىنجاڭلىق بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن ھەرقانداق تاشقى كۈچنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشىغا، شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا قەتئىي قارشى تۇرىمەن، بۇ كىشىلەرنى ئەمدى «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ ئارقا تىرىكى ۋە قوللىغۇچىسى بولۇۋەرمەسلىككە، شىنجاڭغا قارا چاپلاش، تۆھمەت قىلىشنى توختىتىشقا كەسكىن ئاگاھلاندۇرىمەن. شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىدا، پەقەت شىنجاڭ خەلقىنىڭلا سۆز قىلىش ھوقۇقى بار. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ پولاتتەك ئىرادىسى بار، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشقا قۇدرەتلىك ئىشەنچى ۋە ئىرادىسى بار. خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەتچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن ئۆز ئەۋزەللىكىمنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇن-نىزاملارنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىپ، قانۇنچىللىق روھىنى كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قانۇنچىللىق يولىدا مېڭىش ئاڭلىقلىقىم، قەتئىيلىكىمنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىمەن؛ شىنجاڭنىڭ قانۇن بويىچە تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشى، كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرى قاتارلىقلارنى قانات يايدۇرۇشتا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىمەن. ئەمەلىي ھەرىكىتىم بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قەتئىي قوغدايمەن، گۈزەل ماكانىمىزنى ياخشى قوغدايمەن.

# تېخىمۇ گۈزەل شىنجاڭ ئارقىلىق ئەڭ كۈچلۈك قايتۇرما زەربە بېرەيلى

(بېشى 1 - بەتتە)

جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ تارىخىي مۇساپىسىدە، ھەرقانداق چەرەندە-پەرەندىلەرنىڭ قۇترىشى شەكىلدىكى رەزىل ئويۇنلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى چاغلىماسلىق، ئۆزىنى ھاقارەتكە دۇچار قىلىش بولۇپ، ھامان تارىخنىڭ كۈلكە دەستىكىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

شىنجاڭ جۇڭگونىڭ شىنجاڭى، «شىنجاڭ ئارقىلىق جۇڭگونى توسۇش»قا ئۇرۇنىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەستنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ھەرگىز يول قويمايدۇ. ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار شىنجاڭنىڭ گۈللەنگەن، مۇقىم چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى كۆرۈشنى خالىمىغانسېرى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق تۈرلۈك ئاماللار بىلەن ئۇنى تېخىمۇ ياخشى قوغدىشى، ياخشى راۋاجلاندۇرۇشى كېرەك.

ھەرقانداق شىنجاڭنى پارچىلاش غەرىزى پەقەت شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنى تېخىمۇ ئىتتىپاقلاشتۇرىدۇ. شىنجاڭ ئەزەلدىن جۇڭگونىڭ بىر قىسمى، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، پارتىيەنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ شانلىق نۇرىدا، مىللىي رايون ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ ھىمايىسىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىپ، ئۇزاق مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئەمەلىيىتى داۋامىدا ئۇرۇق-تۇغقانلاردەك يېقىن ئۆتۈپ، بىر-بىرىگە سەممىي مۇئامىلە قىلىپ، چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببەت ئورناتتى. بولۇپمۇ پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى-تەرەققىياتى ئىشلىرى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىلدى، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇلدى، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەر مىللەت خەلقنىڭ جان تومۇرى» دېگەن قاراش ئاللىقاچان كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار ھەر خىل پىتنە-پاسات ۋە باھانە-سەۋەبلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش خىيالىدا بولغانسېرى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئانارنىڭ دانىسىدەك تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، مەڭگۈ ئايرىلمايدۇ.

ھەرقانداق شىنجاڭنى قالايمىقان قىلماقچى بولغان ھىيلە-مىكىر پەقەت شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنى تېخىمۇ مۇقىم قىلىدۇ. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋە دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتتى، تىنچ، ئىناقلىقنىڭ قەدرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر بىلىدۇ. ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ شىنجاڭ قانۇن بويىچە قوللانغان تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرىگە كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى-تەرۇز قىلىش دەپ بوھتان چاپلىشى، پۈتۈنلەي ئاق-قارىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلغانلىق، ھەق-ناھەقنى ئايرىمىغانلىق بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئەخلاقى، ھەققانىيلىقى ۋە ۋىجدانىغا ئېغىر خىلاپلىق قىلدى. قانۇن بويىچە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى سىجىل مۇقىم بولدى، ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرى يۈز بەرمىدى. شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشتىكى تۈرلۈك تىرىشچانلىقى ۋە نەتىجە-ئۈنۈمى ھەر مىللەت خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى قوغدىدى، شۇڭلاشقا ھەر مىللەت ئاممىنىڭ قەتئىي ھىمايە قىلىشى ۋە زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشتى. 25 مىليون تەڭرىتاغ ئوغۇل-قىزلىرى ئاللىقاچان مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ پولات ئىستىھكامى بەرپا قىلدى، تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرىدىغان، قۇتراتقۇلۇق قىلىدىغان ئامېرىكىنىڭ ئاشۇ سىياسەتۋازلىرى شىنجاڭنى زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى ئۈزۈلمەي يۈز بېرىدىغان ئۆتمۈشكە قايتۇرۇشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنىدىكەن، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپىدۇ، مەغلۇبىيەتلىك ئاقىۋەتتىن جەزمەن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

ھەرقانداق شىنجاڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان سۇيىقەست پەقەت شىنجاڭنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىنى تېخىمۇ مەزمۇت قىلىدۇ. بۇ بىرنەچچە يىلدا، شىنجاڭدا مۇقىملىق پايدىسى سىجىل قويۇپ بېرىلىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولدى. 2018 - يىلى ئىشقا ئاشۇرۇلغان رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1 تىرىليون 200 مىليارد يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 6.1% ئاشتى؛ شەھەر-يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى چىقىم قىلىشقا بولىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىم 21 مىڭ 500 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 7.6% ئاشتى. بولۇپمۇ ساياھەتچىلىكتە شىددەت بىلەن ئېشىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، 2019 - يىلى 1 - ئايدىن 10 - ئايغىچە جەمئىي كۈتۈۋېلىنغان دۆلەت ئىچى-سىرتىدىن كەلگەن ساياھەتچى 200 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئېشىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 42.62% ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالاش، ئىجتىمائىي كاپالەت قاتارلىق تۈرلۈك ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش خىزمەتلىرىدە يېڭى نەتىجە-ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇلدى. بۈگۈنكى كۈندە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويۇش ئۈچۈن جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە، ئورتاق نىشان ئۈچۈن، ئۇلۇغ ئارزۇ ئۈچۈن مۇجەسسەملەنگەن قۇدرەتلىك كۈچنى ھەرقانداق ئادەم توسۇيالمايدۇ.

تەۋرەمەستىن تۇرىمىز بىز خۇددى مەزمۇت چوققىدەك. بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى بولسىلا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق جۇڭگو خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى بولسىلا، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى ھەرقانداق چەرەندە-پەرەندىلەرنىڭ قۇترىشىنىڭ ھەممىسى ياچۇۋەكنىڭ ھارۋىنى توسماقچى بولغانلىقى بولۇپ، «شىنجاڭ ئارقىلىق جۇڭگونى توسۇش»قا ئۇرۇنىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەست جەزمەن بىتچىت قىلىنىدۇ. لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتنىڭ كۆزنى توسۇۋېلىشىدىن قورقمايمىز، ئويمان-دۆڭلەرنى تۈزلەپ داغدام يول ئېچىپ، خەۋپ-خەتەرلەرنى يېڭىپ يەنە ئاتلانساق، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ ئەتىسى چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ!

# شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تېررورىزمغا قاتتىق زەربە بېرىپ، كىشىلىك ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلىمىز

(بېشى 1 - بەتتە)

مىللەت، دىن مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى زوراۋانلىق، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسى.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدىن بۇيان، شىنجاڭدا تېررورلۇق ھۇجۇم قىلىش دېلو(ۋەقە)لىرى ئۈزۈلمەي يۈز بېرىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتى، مال-مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ئىنتايىن زور خەۋپ يەتكۈزدى. رېئال تەھدىت ئالدىدا، دۆلىتىمىز ھۆكۈمىتى كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، قانۇن بويىچە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇپ، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنىڭ كۆپ يۈز بېرىش، ئۈزۈلمەي يۈز بېرىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىق ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقلىرىغا كاپالەتلىك قىلىپ، خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن پايدىلىق تۆھپە قوشتى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت زور مىقداردا مەبلەغ سېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا ئۈچ يىلدا 100 مىڭ كىشىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانىنى سىجىل يولغا قويدى؛ يەسلى مائارىپى ۋە كەسپىي مائارىپنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا ئۈچ يىللىق ھەقسىز يەسلى مائارىپىنى ئىشقا ئاشۇردى؛ 15 خىل ئېغىر كېسەلنى مەركەزلىك داۋالاپ قۇتقۇزۇش ۋە سوزۇلما كېسەللەرگە كېلىشىملىك مۇلازىمەت قىلىش بىلەن تولۇق قاپلىدى؛ يېزا نوپۇسىدىكى ئاغرىقلارنى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، رايون ئىچىدە ئالدى بىلەن دىياگنوز قويۇپ داۋالىغاندىن كېيىن، ئاندىن ھەق تۆلەش ۋە بىر بېكەت شەكلىدە راسچوت قىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى؛ 22 ئېغىر نامرات ناھىيەدە ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئەمىن ئۆيلىرىنىڭ ھەممىسى پۈتتى؛ شەھەر-يېزىلاردىكى قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى ئۆلچىمىنى سىجىل ئۆستۈردى. نۆۋەتتە، شىنجاڭدا جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم بولدى، ئىقتىساد سىجىل تەرەققىي قىلدى، خەلق تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى زور دەرىجىدە ئاشتى.

باشتىن-ئاخىر قانۇنچىللىق تەپەككۇرىدا چىڭ تۇرۇش، قانۇنچىللىق ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىش شىنجاڭنىڭ تېررورىزمغا ۋە ئەسەبىزمغا زەربە بېرىشتىكى مۇھىم پرىنسىپ، شىنجاڭنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش كۈرىشى، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتى باشتىن-ئاخىر قانۇنچىللىق يولىدا ئېلىپ بېرىلدى. شىنجاڭ مەۋقەنى ئۆز رايونىنىڭ ئەمەلىيىتىگە قويۇپ، «بىر قولدا زەربە بېرىشنى تۇتۇش، بىر قولدا ئالدىنى ئېلىشنى تۇتۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، ئەڭ زور چەكتە پۇقرالارنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ تېررورىزم ۋە ئەسەبىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلدى.

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكى قانۇنى» «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى» «دىن ئىشلىرى نىزامى» قاتارلىق ئالاقىدار قانۇن-نىزاملار دۆلەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش قانۇن سىستېمىسىنى ئورتاق شەكىللەندۈردى. شىنجاڭ ئۆز رايونىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نىزامى»نى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، تېررورىزم، ئەسەبىزمنى توسۇش، ئۇنىڭغا زەربە بېرىشنى كۈچلۈك قانۇن قورالى بىلەن تەمىنلىدى.

شىنجاڭنىڭ قانۇن يۈرگۈزۈش ئورگانلىرى باشتىن-ئاخىر پاكىتنى ئاساس، قانۇننى ئۆلچەم قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كەڭچىلىك قىلىش بىلەن قاتتىق جازالاش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن جىنايى ئىشلار سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋە دىنىي ئەسەبىيلىككە يانداشقان قانۇنغا خىلاپ جىنايى پائالىيەتلەرنى تەشكىللىگەن، پىلانلىغان، سادىر قىلغان باشلامچى ئۇنسۇرلار، تايانچ ئەزالار، جىنايى قىلمىشى ئېغىر، زور بولغانلارنى، ھەمدە ئىلگىرى زوراۋانلىق، تېررورلۇق، دىنىي ئەسەبىيلىككە يانداشقان قانۇنغا خىلاپ جىنايى پائالىيەتلەرنى سادىر قىلىپ، مەھرۇمىي جازا، جىنايى جازا بېرىلگەنلەرنى ياكى جىنايى جازا كەچۈرۈم قىلىنسىمۇ، يەنە زوراۋانلىق، تېررورلۇق، دىنىي ئەسەبىيلىككە يانداشقان جىنايى پائالىيەت سادىر قىلغانلارنى قانۇن بويىچە ئېغىر جازالىدى؛ جىنايى قىلمىشى يېنىكرەك، خەۋپى ئانچە چوڭ بولمىغان، جىنايىتىنى تونۇپ پۇشايمان قىلغانلارنى، ھەمدە قۇرامىغا يەتمىگەنلەر ۋە قايمۇقتۇرۇلۇپ، مەجبۇرلىنىپ قاتناشقانلارنى قانۇن بويىچە يېنىك جازالىدى؛ ئۆزىنى مەلۇم قىلغان، خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى قانۇن بويىچە يېنىك ياكى يېنىكلىتىپ جازالاپ، جىنايى جازانىڭ تەربىيەلەپ ئۆزگەرتىش ۋە جىنايەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. قانۇن بويىچە جىنايەتنى جازالاش بىلەن بىللە، قانۇن يۈرگۈزۈش ئورگانلىرى قانۇن بويىچە جاۋابكارنىڭ ئاقلىنىش ھوقۇقى، ئۆز مىللىتىنىڭ تىل-يېزىقىنى ئىشلىتىپ دەۋا قىلىش ھوقۇقى قاتارلىق ھوقۇق-مەنپەئەتلىرىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئارقىلىق، تەرتىپ ئادىللىقىنى ۋە پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇق-مەنپەئەتىنىڭ قوغدالغانلىقىنى تولۇق نامايان قىلدى.

شىنجاڭ قانۇن بويىچە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ پەيدا بولۇشى، يامرىشىنى كۈچلۈك توستى. دىنىي ئەسەبىزمنىڭ مەمۇرىيەت، ئەدلىيە، مائارىپ، ئۆيلىنىش، داۋالىنىش قاتارلىقلارغا ئارىلىشىش ئەھۋالى ئۈنۈملۈك توسۇلدى، ئاممىنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ خەۋپىگە بولغان تونۇشى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. قانۇن بويىچە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش بىلەن بىللە، شىنجاڭ يەنە قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەتلەرنى قوغداش سالمىقىنى زورايتىپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دىن ئىشلىرى نىزامى» قاتارلىق دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك يەرلىك نىزاملارنىمۇ ئارقا-ئارقىدىن چىقىرىپ ياكى تۈزىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ قانۇنلۇق دىنىي پائالىيەتلىرىنى قانۇنچىللىق كاپالىتى بىلەن تەمىنلىدى.

شىنجاڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى›نى يولغا قويۇش چارىسى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نىزامى» قاتارلىق قانۇن-نىزاملارغا ئاساسەن، كەسپىي ماھارەت تەلىم-تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، ياردەم بېرىش، تەربىيەلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى. كەسپىي ماھارەت تەلىم-تەربىيە مەركىزى مەكتەپ خاراكتېرىنى ئالغان بولۇپ، تەلىم-تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتىكى مەقسەت تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىزمنىڭ پەيدا بولۇشى، يامراش تۇپرىقى ۋە شارائىتىنى مەنبەدىن يوقىتىپ، ئەڭ زور چەكتە ھەر مىللەت خەلقنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش.

قانۇن بويىچە تېررورلۇق پائالىيەتلىرىگە زەربە بېرىپ، ھەر مىللەت خەلقنىڭ ھاياتى، مال-مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلغانلىق كىشىلىك ھوقۇقنى ئەڭ نېگىزىدىن قوغدىغانلىق. پارتىيەلىك ئاز سانلىق مىللەت رەھبەرىي كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ھەر ۋاقىت سىياسىي ئىرادىنى ساقلاپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن سوت قىلىش فۇنكسىيەسىنى قانۇن بويىچە ياخشى ئادا قىلىپ، قانۇن بويىچە تېررورىزمغا زەربە بېرىش بىلەن كىشىلىك ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئەڭ زور چەكتە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ تېررورىزم ۋە ئەسەبىزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىمەن.

پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ھەققانىيەت كىشىلەرنىڭ قەلبىدە. شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق زىچ ئىتتىپاقلاشسىلا، جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئىغۋاگەرچىلىك قىلىدىغان، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەست جەزمەن ئەمەلگە ئاشمايدۇ!

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)